


قەھۋە ئاكا تەييارلىغان

بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا گارسىيا ماركوز تىلغا ئېلىنسا بىلمەيدىغانلار يوق دېيەرلىك، ئۇ « يۈز يىللىق غېرىبلىق» تەك نامايەندىلىك ئەسەرلىرى بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا نائىل بولغان، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەدەبىياتىنى دۇنيا يۈزلەندۈرگەن؛ ئۇ لاتىن ئامېرىكىسى سېھرىي رېئالىزىم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى؛ دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا ئۇ 20 ـ ئەسىردىكى دۇنياۋىي تەسىركۈچىگە ئىگە ساناقلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى؛ ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە داڭلىق مۇخبىر ۋە تىنىم تاپماس ئىجدىمائىي پائالىيەتچى.

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بىز بىر قەدەر ئىنىقراق بىلىدىغان ماركۇز، يەنى داڭلىق چىقارغاندىن كېيىنكى ماركۇزغا ئائىت ئىنىقلىمىلار، ئۇنداق بۇ مەشھۇر ئەدىب نام قازىنىشتىن ئاۋۋال قانداق ئىدى؟
بۇگۈن قەھۋە ئاكىنىڭ قەھۋەخانىسىدا، يەنە ماركۇز ھەققىدە پاراڭ بولىدۇ.

## 1

1927-يىلى 3-ئاينىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ماركۇز كولۇمبىيىدىكى بىر كىچىك بازاردا، بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ كۈنى ئاسماننىڭ ئەلپازى يامان بولۇپ، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك يېغىۋاتقان ئىدى. ماركۇزنىڭ دۇنياغا كېلىشىمۇ شۇ كۈنكى ھاۋارايىغا بېقىپ ئۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى، ئۇنىڭ بويىنىنى كىندىكى بوغۇۋالغان بولۇپ، تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاسلا قالغان ، بەختكە يارىشا ئۇنىڭ ئاپىسى دەل ۋاقتىدا يېتىش ھالىتىنى تەكشۈرۈلىش ئارقىلىق بۇ كەلگۈسىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان.
ماركۇزنىڭ بوۋىسى ئۇنىڭ ئونبىر ياشتىن ئاۋۋالقى ئاساسلىق ھامىيسى بولۇپلا قالماي، تىخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەدەبىيات يولىدىكى يولباشچى ۋە ئۇنىڭ دىلىغا مەرىپەت مۇھەببىتىنى سالغۇچى ئىدى. دەل شۇ بوۋىسىنىڭ ئەتراپلىق ئۆگىتىشى ۋە ماھىرلىق بىلەن تەلىم بېرىشى ئارقىسىدا گۆدەك ماركۇزنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بىر بالىغا

ئايلانغان. ئۇنىڭ بوۋىسى ماركۇزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئەدەبىيات ئىشتىياقىغا باغلىنىپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق رول ئوينىغان ئىنسان ھېسابلىنىدۇ.

يۇقۇرىقىلارنى ئوقۇغاندا بىزدە تەبىئىيلا ماركۇزنىڭ بوۋىسى بىر يېتىلگەن زىيالىي كىشى بولۇشى مۇمكىن دېگەن تۇيغۇ تەبىئىيلا شەكىللىنىدۇ، بىراق، ئۇ كىشى زىيالىي ئەمەس، بەلكى ئوقۇشتىن بالدۇرلا چېكىنىپ، ئەسكەر بولغان ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقان، كېيىن پۇرسەت بولغان تەقدىردىمۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغان.

بۇخىل ئۆتمۈشىدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغان ۋاقتىدا كېچىككىنىنى بايقىغان بۇ پىشقەدەم پولكوۋنىك بۇ جەھەتتە تارتقان «زىيان»لىرىنىڭ ئورنىنى جەزمەن تولدۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ماركۇز بەش ياشقا كىرگەن يىلى، بىركۈنى بوۋىسى ماركۇزنى سېرىك نومۇلىرىنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ بارىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇ تاق لوكىلىق توگىنى توگە (ئىسپانچىدە پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن) دەپ سالغانلىقى ئۈچۈن ، ئەتىراپتىكىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ. شۇكۈنى ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماركۇزنىڭ بوۋىسى ئىشخانىسىغا كىرىۋىلىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن لۇغەت ئاختۇرىدۇ ۋە بىرمۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھېلىقى تاق لوكىلىق توگە ۋە ئادەتتىكى توگە (قوش لوكىلىق)نىڭ پەرقىنى تېپىپ چىقىپ، ماركۇزغا چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. ئاندىن قولىدىكى قېلىن بىرپارچە «خىش»نى ماركۇزغا تەڭلەپ :

- بىلەمسەن، بۇ كىتابنىڭ «بىلمەيدىغىنى يوق»، بۇ جاھاندىكى ئەڭ توغرا كىتاب، بۇنىڭدىن پەقەت مۇشۇ بىرپارچىلا بار . - دەيدۇ.

قانلىق ئۇرۇشلاردا تاۋلانغان بۇ ئادەم، قاپيۇرەك ۋە كەسكىن پىكىرلىك ئىدى، بىراق، ئۇ بىلىمدىن ئەيمىنەتتى، ئىلىم ئەھلى ۋە ئىلىمگە چېتىلىدىغان ئىشلاردا ئېھتىيات بىلەن ئىش تۇتاتتى. بوۋىسىدىكى بۇ خىل روھ، ماركوزنىڭ بارا-بارا يېزىقچىلىقتا بولغان ھەۋىسى ۋە ئىزدىنىش ئىرادىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بوۋىسى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان ھېلىقى بىرپارچە قېلىن «خىش» مۇ ئۇنىڭغا ياخشى ھەمراھىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇ ھەرقېتىم ماقالە يازغاندا، دەل شۇ ھەمراھىغا ئىلتىجا قىلىپ، سۆزلەرنى ئۇقۇملىرى ئەڭ توغرا ، ئىشلىتىش ئورنى دەل جايىغا چۈشكەن ھالەتتە تاللاش، ئىشلىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ماركوز دائىم دېگۈدەك بوۋىسىدىن سوئال سوراشقا ئامراق بولۇپ، بوۋىسىمۇ ئۇنىڭغا دائىم :« قۇشلار نېمە ئۇچۇن ئۇچالايدۇ؟ نېمە ئۇچۇن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چېقىن چېقىلىدۇ...»دېگەندەك سىرلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنى يەنى سېھىرگەرلىك ۋە سېرىك ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، سېھىرگەر ۋە سېرىكچىلارنىڭ ماھارەتلىرىدىكى سىرلارنى يېشىپ بېرەتتى؛ ئۇ يەنە بەزىدە كىچىك ماركوزنى كىنو كۆرسەتكىلى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى كىچىك دېمەي كىنونىڭ ۋەقەلىكى ھەققىدە كۆزقاراشلىرىنى ئالماشتۇراتتى...
مانا بۇ ئىشلار بالا ماركوزنىڭ قەلبىگە ئەقىل -پاراسەت ۋە مول تەسەۋۋۇرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچقان.

2

ماركۇزنىڭ دادىسى كىتابخۇمار كىشى بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى تاماملىماي تۇرۇپلا دوختۇرلۇق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ بولغان، ھەمدە بىر ئۆمۈر ئۆز ئارزۇسى ئۈچۈن ئىزدەنگەن كىشى ئىدى. كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغىنى، تۇرمۇش شارائىتى مەيلى قانچىلىك جاپالىق بولۇپ كەتسۇن، ئۇ ھامان ماركۇزنىڭ ياخشى تەربىيە ئېلىشىنى ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىغا قوياتتى. دادىسىنىڭ بۇنداق مائارىپ ئىدىيىسى ماركۇزنىڭ ئۆگىنىش ئىرادىسى ۋە تونۇشىنى يېتىلدۈرگەن.

بالىلىق مەزگىللىرىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ماركۇزنىڭ دادىسى ۋە بوۋىسىدىن ئىبارەت ئىككىلا قورامىغا يەتكەن ئەرزاتى بار بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئاياللار ئىدى. ئاياللار كۆپ بولسا، ھېكايىمۇ كۆپ بولىدۇ. ماركۇزنىڭ مومىسى جىن ـ ئالۋاستىلار ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى سۆزلەشكە ئامراق بولۇپ، ئۇيەنە «ئۇدىسسا» دەك بىر كىلاسسىك ئەسەرنىمۇ بالىلار چۆچەكلىرىگە ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرەلەيتى. ئۇنىڭ باشقا ھامملىرىمۇ ئۆزى توقۇۋالغان ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنى سۆزلىشەتتى...

بەلكىم مۇشۇنداق ئائىلىۋىي خاسلىقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ماركۇزمۇ كىچىكىدىنلا ھېكايە سۆزلەشكە ئامراق بولۇپ قالغان. ھەتتا، ئۇ ھېكايە توقۇۋېرىپ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى يالغانچى بالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بىرقېتىم ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرگەن دوختۇر ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە :

«بالىلارنىڭ يالغانىنى قاملاشتۇرۇپ توقۇشى ئۇلارنىڭ تالانتلىق ئادەم

بولىدىغانلىقىنىڭ بىر بىشارىتى» ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئەلۋەتتە، يالغان سۆزلەشكە ئامراق باللارنىڭ ھەممىسىلا تالانت ئىگىسى بولۇپ چىقىشى ناتايىن، ئەمما ماركۇزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، راستىنلا، دەل شۇنداق يالغان-ياۋداق سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىنى قوزغىغان ۋە ئۇنىڭدىكى كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادچانلىقىنى تاۋلىغان.

## 3

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدا، ماركۇز مەكتىۋىنىڭ مەكتەپ ژۇرنىلىدا نۇرغۇن ساتىرىك شېئىرلارنى ئېلان قىلىدۇ ھەم ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قالتىس شائىرچاقىقا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى بۇ ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئەدەبىيات چۈشىدىن رېئاللىققا ئۆتۈشتىكى تۇنجى قەدەملىرى ئىدى، ئەدەبىيات دۇنياسىنىڭ دەرۋازىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاستا-ئاستا ئېچىلىۋاتاتتى.

تولۇق ئوتتۇرىدىكى مەزگىلىدە، ئۇ بىر قالتىس يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇچىغا ئايلىنىدۇ، مەكتىپىدىكى بارلىق ئاشكارا يوسۇندىكى پائالىيەتلەرنىڭ

ماقاله يازغۇچىسى ۋە ناتىقلىقى ئۇنىڭدىن ئاشمايدىغان بولىدۇ.
بۇنداك كەچۈرمۈشلەر ئۇنى بارا ـ بارا يېتىلدۈرۈپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرۈپ، قايتا ـ قايتا تۈزىتىش ئادىتى ئۇنىڭ يېزىقچىلىقتىكى سەزگۈرلىكىنى ئاشۇرغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئاساسىنى پۇختىلىغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغىنىغا توققۇز ئاي بولغاندا، ماركۇز ئەينى چاغدىكى ئەڭ قىزىق نۇقتىلىق ھەم ئەسەر قوبۇل قىلىش بوسۇغىسى ئەڭ ئېگىز بولغان « بوگوتا كۈزەتكۈچىلەر» گېزىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى پارچە ھېكايە ئېلان قىلدۇرىدۇ ۋە ئەينى چاغدا بۇ گېزىتنىڭ چۆرىسىگە ئولاشقان بىرتۈركۈم نوپۇزلۇق ئوبزورچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرئىككى قېتىمدا بىرسىنتىمۇ قەلەم ھەققى تاپشۇرۇپ ئالالمايدۇ.
بىر نوپۇزلۇق گېزىتنىڭ بۇ قىلمىشى شۇ كۈنلەردە نامراتلىق ئازابىدىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىش گېردابىدا تۇرغان ماركۇزنى، ئۇنىڭ دوستلىرىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىنىدۇ، بىراق، ماركۇز ئەكسىنچە قەلەم ھەققىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھېكايىلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر نۇقتىلىق گېزىتتە ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىلھام ئىدى.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ماركۇز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قانۇن كەسپىدە ئوقۇيدۇ، ئەمما ھەرمىنۇت قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ئارزۇسى ئۇنى ئارام تاپقۇزمىغان بولغاچقا، 22 ياشلىق ماركۇز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە يەنە بىر يىل قالغاندا، قانۇن كەسپىدىكى

ئوقۇشىدىن توختاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىدۇ.
ئۇ بۇ قارارغا كەلگەندە، خۇددى ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان جەڭچىلەردەك قەسەم قىلىدۇ :
«يا يازىمەن، يا ئۆلىمەن !»
ئۇ يەنە ئاپىسىدىن مۇنۇ سۆزلىرىنى دادىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۆتۈنىدۇ :
« مەن ئۇنى (دادىسىنى) ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى دەل ئۇ بولغاچقا مەن يازغۇچى بولۇشنى تاللىغانمەن، مەن باشقا ئىش قىلىشقا ماس كەلمەيمەن، شۇنداق، مەن پەقەت يازغۇچى بولۇشۇم كېرەك.»

بۇ ئۇنىڭ « مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ھېسابلىناتتى، ئاددىي ۋە سەممىي ھەم شۇقەدەر مۇستەھكەم ئارزۇ. ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەمگەكلىرى ۋە نەتىجىلىرىدىن ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى قارارىنى مۇنداقچىلا چىقارمىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.
ئۇ ناھايىتى ياش تۇرۇپلا، ئۆزى ئۇچۇن ئېيتقاندا نېمىنى ئۆمۈرلۈك نىشان قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن.

ياشاش ئۇچۇن ئالدى بىلەن، ئۇ ھەم جان باققىلى بولىدىغان ھەم ئارزۇسىدىن يىراقلىشىپ كەتمەيدىغانراق ئاخبارات ساھەسىدە خىزمەت قىلىدۇ، قارىماققا بۇ مۇرەسسەلىك بىر تاللاش بولىسىمۇ، بىراق، ئۇ كېيىنكى چاغلاردىكى ماركۇز ئىجادىيىتىگە ھالقىلىق يۈكسىلىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن بىر تاللاش ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر مۇھىم تەرىپى ئۇ بۇ خىزمەت ئارقىلىق ئىقتىسادىي مۇستەقىللىققە ئېرىشىدۇ. بۇخىزمىتى ئۇنىڭ پائال تۇردە خام

ماتېرىيال توپلىشغا قولايلىق ئىدى، ئۇ شۇنىڭدىن ئىتىبارەن رېئاللىق بىلەن يېزىقچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى مۇلاھىزە قىلىپ، يازغۇچىلىقنى بىرتۈرلۈك ئىنسانىي بۇرچ دەپ تونۇشقا باشلىدى.

ئۇيەنە بۇ جەرياندا بىرتۈركۈم مەسلەكداشلار بىلەن تونۇشۇپ قالدى، دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئورناتتى.

سىرتلارغا چىقىپ زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئۇ رېئاللىقتا چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق «كىتاب سىرتىدىكى دۇنيا» نى يېقىن ئارىلىقتىن كۆرىدۇ، بىۋاستە ھېس قىلىدۇ، ئۇ مۇخبىرلىق خىزمىتىدە قۇرۇق گەپ سېتىپ باشقىلارنى ئاغزىغا قارىتىشنى ئەمەس، بەلكى ھەربىر يازمىسىنىڭ مەزمۇنىغا ئىنچىكەم مۇئامىلە قىلىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بۇخىل پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ھەقىقى ھېسسىيات ۋە تېخىمۇ قۇۋۋەتلىك ھاياتى كۈچ ئاتا قىلغان.

## 4

«بىر كىتابنى يۈز رەت ئوقۇپ چىقساڭ، ئاندىن ھەقىقى مەنىسىنى بىلىسەن» دېگەن گەپ بار، ئۇنداقتا، ماركۇز قانداق كىتاب ئوقۇيتى؟ ئۇ قانچىلىك كىتاب ئوقۇغان ؟

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا ماركۇز « دونكىخوت» قاتارلىق بىرمۇنچە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىققان.

ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتىدە، كىتابنى قايتىلاپ ئوقۇش ئۇسۇلى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك ھېسابلىناتتى، ئۇ ئۆزىدە مەلۇم ھەجىمدىكى مەزمۇنغا كۆزيۈگۈرتىپ چىقىپلا بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان ئىقتىدار ھازىرلىغان بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدا،دەرسلىك كىتابلىرىدىكى ھەممە مەزمۇننى يادقا ئېلىپ بولغان، ئۇيەنە ئىسپانىيە كىلاسسىكىزىم ۋە رومانتىزىم شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى يادقا ئىلىۋالغان.

ئۇ بىر ۋايىغا يەتكەن كىتاب مەستانىسى بولۇپ، كىتابخانا ياكى كۇتۇپخانىغا كىرىپلا قالسا، بارلىق كىتابلارنى ئېلىپ كېتىش ئۇستىدە خام خىيال قىلاتتى.

كۆپ مىقداردا كىتاب ئوقۇش ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلىم زاپىسىنى بەرپا قىلغانىدى.

دەرستە ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلالايدۇ، شۇڭا دائىم ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئالىي مەكتەپتىكى ماركۇز بولسا، قانۇن كەسپىنىڭ « ئېزىپ كىرىپ قالغان» بىر ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەندە باشقىلار بىلەن شېئىر يادلاشتا مۇسابىقىلىشەتتى؛ ئۇيەنە شائىرلار دائىم يىغىلىدىغان بىر قەھۋەخانىنى بايقىغاندىن كېيىن، كۈندە شۇيەرگە بارىدۇ، بىراق، سالاھىيەت سەۋەبى تۈپەيلىدىن ئۇ يەرگە كەلگەن داڭلىق شائىرلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ-دە، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قالتىس پاراڭلىرىنى ئاڭلايدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان نەشرىيات تىمتاسلىقىدىن كېيىن، تەشنالىقىقا تولغان ماركۇز ئەينى چاغدا نامى مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ئادولس خيۇكىسلي قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ شۇنداقلا پولكنېرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان « تېگىزقاپ قالغان بىر ئەۋلاد» يازغۇچىلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىدۇ. ئۇ «يۇلىسىيۇس» ۋە پولكنېرنىڭ «ۋاڭ-چۇڭ ۋە قۇتراش» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ئارىلاپ -ئارىلاپ «باشقىدىن ئوقۇش» ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ كىتابلارنى ئوقۇش چىقىشتىكى ئىنچىكىلىكى خۇددى ئۇستۇرا بىلەن ساقال ئالغاندەك ، بۇ كىتابلاردىكى مەنالارنى ئاز-ئازدىن «قىرىپ» چۈشۈرەتتى.

ماركۇز كىتابنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن تاشلاپ قويىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، چۈشەنمەسلىكنى كىتابتىن ئىزدىمەي، بۇنى ئۆزىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىدىكى ۋاقىتىنچە ئىش دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇ ھەتتا بەزى كىتابلارنى بىرنەچچە يىل ئارىلىق تاشلاپ ئاندىن قايتا ئوقۇپ چىققان. ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى كىتابلارنى قايتا-قايتا ئوقۇيدىغانلىقىنى، ھەرقېتىم ئوقۇغاندا ئوخشاش بىركىتاب بولسىمۇ، ھەرقېتىمدا پۈتۈنلەي يېڭىچە نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ئادىتى ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇش قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئادەمنىڭ ئىدىيىسى دائىم يېڭىلىنىپ تۇرۇشى، نەزەر دائىرىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى، چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىششى ئاجايىپ گۈزەل بىر ئىش.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ماركۇز ئەينى چاغلاردا ئوقۇغان شۇ

كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى دوستلىرى ۋە تونۇش-بىلىشلىرىدىن ئارىيەتكە ئېلىنغان. ئۇ كىتابلارنى ئۆز قەرەلىدە ئېگىسى قايتۇرۇپ بېرىشنى تۇرمۇشىدىكى جىددىي مەسىلە سۈپىتىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ كۆپ يىللاردىن كېيىن ئەينى يىللىرىدىكى كىتاب ئوقۇش شارائىتىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : «ئارىيەتكە ئېلىش مۇددىتى بەكلا قىسقا ئىدى، شۇڭا مەن ئۇ كىتابلارنى كېچىلەپ دېگۇدەك ئوقۇشۇم كېرەكتى، شۇنداق قىلغاندىلا تولۇق ئوقۇپ چىقالايتىم ھەم ۋاقتىدا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرەلەيتىم. ماددىي بايلىقلار بەكلا كەمچىل، ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان شۇ دەۋرلەردە ، ئەگەر چىن قەلبىمدىن چىققان چوڭقۇر مۇھەببىتىم بولمىسا ئىدى، شۇنداق شارائىتتا كىتاب ئوقۇشقا بۇنچە مەپتۇن بولۇپ كېتىشىم ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى.»

ئوقۇش ۋە يېزىشنىڭ ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىشىغا ئەگىشىپ ماركۇزنىڭ يازغۇچى بولۇش نىشانى بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق «سالاھىيەت»نى بېكىتىپ چىققاندىن كېيىن، ھەقىقىي رومان يازغۇچىلىرىدەك كىتاب ئوقۇشقا ئۆرۈنىدۇ، يەنى ھەربىر كىتابنى خۇددى ئاناتومىيە تەجرىبىسى ئىشلىگەن كەبى ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىپ چىقىشنى ئادەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ تۇرالغۇسىدىكى كۈتۈپخانىسى غايەت زور بىر ئىزدەش ئامبىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، مۇھىمى ئۇنىڭ بۇخىل كىتاب ئوقۇش ئادىتى ئۇنىڭ ئەدەبىي دىتى، مۇلاھىزە ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوڭ تاناسىپ ھالدا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سەۋىيىسى بۇسۇش خارەكتىرلىك ئىلگىرىلەيدۇ.

ماركۈزنى « تۇغما يازغۇچى» دەپ تەرىپلەيدىغانلار بار، شۇنداق، ئۇنى تۇغما تالانت ئىگىسى دېسەك بولىدۇ، يەنە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئارزۇسىنى مۇنبەت تۇپراق بىلەن تەمىنلىگەن دېسەكمۇ بولىدۇ، بىراق، بىز دەۋاتقان بۇ تالانتلىق يازغۇچى قىرانلىق يېشىغا يەتكەندە ئاندىن قەلەم ھەققىگە ئېرىشىپ، يېزىقچىلىق بىلەنمۇ «جان ساقلاش»قا بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. قىسقىسى ئۇ شۇدەۋرلەردىكى قېيىنچىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بەرمىگەن، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات چۈشىنىڭ بىمەنە ياكى جانغا ئەسقاتمايدىغان خام خىياللىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئارمانلىرىدىن ۋازكەچكەن بولسا، بۈگۈن بىز بىلىدىغان گارسىيا ماركۈز، بۈگۈن بىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەشۇ «يۈزيىللىق غېرىبلىق»تەك گىگانت ئەسەرلەر بولارمىدى؟



قەھۋەئاكىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

微博：咖啡哥的日记